# ئاللاھ تائالا ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ ئالدىمغا قويدى، شەرىق ۋە غەرىپىنى كۆردۈم، ئۈممىتىمنىڭ سەلتەنەتى مەن كۆرگەن يەرلەرگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ، قىزىل ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ«رىم ۋە پارىس» بايلىقى ماڭا بېرىلدى

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ ئالدىمغا قويدى، شەرىقى ۋە غەرىپىنى كۆردۈم، ئۈممىتىمنىڭ سەلتەنەتى مەن كۆرگەن يەرلەرگىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ، قىزىل ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ«رىم ۋە پارىس» بايلىقى ماڭا بېرىلدى. پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىمنى ئومۇميۈزلۈك ئاچارچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى، ئۈممىتىمگە كاپىرلارنى مۇسەللەت قىلىپ ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرتىۋېتىش بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىدۇم، پەرۋەردىگارىم دېدىكى: مەن بىر نەرسىنى ھۆكۈم قىلسام ئۆزگەرتىلمەيدۇ، ئۈممىتىڭنى ئاچارچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىق ۋە كاپىرلارنى مۇسەللەت قىلىپ ھالاك قىلماسلىقنى ۋەدە قىلدىم، ھەتتاكى زېمىننىڭ ھەر يېرىدىن توپلۇنۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشۈپ ئۆز ئۆزىنى ئەسىر ئېلىشىپ ھالاك بولۇشىدۇ. بەرقانى ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا بۇ ئىبارەتنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدە ئازدۇرغۇچى ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ «ئۈممىتىم» ئىچىدە ئۇرۇش چىقسا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۈممىتىمدىن بىر توپ كىشىلەر مۇشرىكلارغا ئەگىشىدۇ، يەنە بىر توپ كىشىلەر بۇتلارغا چوقۇنىدۇ. ئۈممىتىمدىن 30 يالغانچى-كاززاپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر قىيامەت بولغانغا قەدەر ھەق ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ھېچبىرى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىس چىن خەۋەرلەر ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، راس سۆزلۈگۈچى ۋە راس سۆز ئېلىپ كىلىنگۈچى بولغان رەسۇلۇللاھ شۇنداق بايان قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا زېمىننى كىچىكلىتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇنىڭ ئۈممىتى ئېگە بولىدىغان زېمىنلارنى كۆرسەتتى، بۇ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى شەرىقتىن غەرىپكىچە كەڭ بىپايان زېمىنلارغا ئىگە بولدى. ئىككى قەۋمنىڭ بايلىقى بېرىلىش خوش بىشارىتى بولسا رىم ۋە پارىسلارنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىش بىشارىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇمۇ ۋۇجۇدقا چىقتى، شەرقى رىم پايتەختى بولغان ئىستانبۇلنى ۋە كىسرا پايتەختى مەدائىننى پەتھى قىلدى، ئۇلارنىڭ ئالتۇن كۆمۈش بايلىقلىرىنى مۇسۇلمانلار غەنىمەت ئالدى. رەسۇلۇللاھ يەنە ئاللاھ تائالادىن ئۈممىتىنى قۇرغاقچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى ۋە كاپىرلارنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلماسلىقنى، كاپىرلار ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرتىۋەتمەسلىكنى، سورىدى. ئۈممەت ئىختىلاپتىن، بۆلگۈنچۈلۈكتىن، ئاداۋەتتىن يىراقلا بولسا ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچىسىنى بەردى، ئەگەردە ئۈممەت ئىختىلاپ، بۆلگۈنچۈلۈك، ئاداۋەتلەششە كاپىرلارنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ، بۇ ئىشمۇ يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىنى ئازدۇرىدىغان ئالىم ۋە رەھبەرلەرنىڭ خەتىرىدىن ئەندىشە قىلدى، چۈنكى كىشىلەر ئۇلارغا ئازغۇنلۇقتىمۇ ئەگىشىدۇ رەسۇلۇللاھ يەنە ئاللاھ تائالادىن ئۈممىتىنى قۇرغاقچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى ۋە كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلماسلىقنى، كاپىرلار ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرتىۋەتمەسلىكنى، سورىدى. ئۈممەت ئىختىلاپتىن، بۆلگۈنچۈلۈكتىن، ئاداۋەتتىن يىراقلا بولسا ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچىسىنى بەردى، ئەگەردە ئۈممەت ئىختىلاپ، بۆلگۈنچۈلۈك، ئاداۋەتلەششە كاپىرلارنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ، بۇ ئىشمۇ يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۈممىتىنى ئازدۇرىدىغان ئالىم ۋە رەھبەرلەرنىڭ خەتىرىدىن ئەندىشە قىلدى، چۈنكى كىشىلەر

ئۇلارغا ئازغۇنلۇقتىمۇ ئەگىشىدۇ. ئەگەردە ئۈممىتىم ئىچىدە ئۇرۇش ۋە ئاداۋەت بولۇپ قالسا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ، دېگەن بۇمۇ رەسۇلۇللاھ دېگەندەك يۈز بەردى. ئوسمان ئىبنى ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈيىقەست قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇرۇش ئوتى ئۆچمەي داۋاملاشماقتا. مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇشرىكلارنىڭ دىنى ۋە يۇرتىغا قېتىلىپ كىتىدىغانلىقىدىن، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر شېرىك ئەقىدىسىگە كىرىپ كېتىدىغان، ئاللاھتىن باشقا مەخلۇقلارنى ئۇلۇغلاپ دەل-دەرەخ تاش، قەبرىلەرگە چوقۇنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. يەنە پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدىغانلار توغرۇلۇق خەۋەر بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاززاپ، چۈنكى پەيغەمبەرلىك رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاخىرلاشقان. ئاخىرىدا ئۈممىتى ئىچىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئازاپ ۋە كۈلپەتلەرنىڭ كېلىشىگە قارىماي ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقى، دۈشمەنلەرنىڭ، قارشىلاشقۇچىلارنىڭ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3337